# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي 29 يەكشەنبە
维吾尔文 11 月29日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25260 - سان بۈگۈن 4 بەت


## تىرىشىپ يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەر چوڭ قوشۇنى قۇرايلى

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم.» مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ: بۈگۈنكى دۇنيادا، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىنىڭ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىختىساسلىقلارنىڭ رىقابىتى، ئەمگەكچىلەر ساپاسىنىڭ رىقابىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەر چوڭ قوشۇنى قۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، بىلىم تىپىدىكى، تېخنىكا تىپىدىكى، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى زور ئەمگەكچىلەر چوڭ قوشۇنى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ، «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق پۈتۈن دېڭىز چوڭقۇرلۇقى ئادەملىك چۆككۈسىنىڭ 10 مىڭ مېتىرلىق دېڭىز سىنىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغانلىقىنى ھەم غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، سەنيا، 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق پۈتۈن دېڭىز چوڭقۇرلۇقى ئادەملىك چۆككۈسى 10 مىڭ مېتىرلىق دېڭىز سىنىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى ھەم 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى غەلىبىلىك قايتىپ كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، قىزغىن تەبرىكلىدى، چوڭقۇر دېڭىز جابدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا، چوڭقۇرلۇق ئىلمىي تەتقىقاتىغا كۈچ چىقارغان بارلىق پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرىگە سەمىمىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق چۆككۈنى تەتقىق قىلىپ ياساشنىڭ ھەم دېڭىز سىنىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە دېڭىز - ئوكياننىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايىغا كىرىپ ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز - ئوكيان يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدىكى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلدى. «جياۋلۇڭ» ناملىق، «شېڭخەي يوڭشى» ناملىق چۆككۈدىن بۈگۈنكى «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق چۆككۈگىچە، سىلەر ئەستايىدىل - ئېھتىياتچان، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش جاسارىتى بىلەن، «ئېھتىياتچان، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، جان تىكىپ ئىشلەش، ئۆزىنى بېغىشلاش، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەش»تەك جۇڭگونىڭ ئادەملىك چوڭقۇر چۆكۈش روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردىڭلار.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### تەبرىك خەت

«كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق پۈتۈن دېڭىز چوڭقۇرلۇقى ئادەملىك چۆككۈسىنىڭ 10 مىڭ مېتىرلىق دېڭىز سىنىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان ھەم غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەن پەيتتە، سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! چوڭقۇر دېڭىز جابدۇقلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا، چوڭقۇرلۇق ئىلمىي تەتقىقاتىغا كۈچ چىقارغان بارلىق پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرىگە سەمىمىي سالام يوللايمەن!

«كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق چۆككۈنى تەتقىق قىلىپ ياساشنىڭ ھەم دېڭىز سىنىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە دېڭىز - ئوكياننىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايىغا كىرىپ ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز - ئوكيان يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدىكى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلدى. «جياۋلۇڭ» ناملىق، «شېڭخەي يوڭشى» ناملىق چۆككۈدىن بۈگۈنكى «كۆرەش قىلغۇچى» ناملىق چۆككۈگىچە، سىلەر ئەستايىدىل - ئېھتىياتچان، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش جاسارىتى بىلەن، «ئېھتىياتچان، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، جان تىكىپ ئىشلەش، ئۆزىنى بېغىشلاش، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەش»تەك جۇڭگونىڭ ئادەملىك چوڭقۇر چۆكۈش روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردىڭلار. سىلەرنىڭ ئىلىم - پەن روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن چوڭقۇر دېڭىز پەن - تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەپ، دېڭىز - ئوكيان كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىڭلارنى، ئىنسانىيەتنىڭ دېڭىز - ئوكيانلارنى تونۇشى، قوغدىشى، ئېچىشى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

**شى جىنپىڭ**

2020 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

## ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تىرىشىپ تىنچ - ئامان شىنجاڭ قۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، تىنچ - ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىغا چىڭ تايىنىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئېنىق كەيپىيات تىكلەپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىلغار ئىش ئىزلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنى ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئەمگەك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىجادىيەت يوشۇرۇن ئېنېرگىيەسىنى قويۇپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىشقا ئۆزلۈكسىز رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىنى ئاڭلىق ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى، سادىق ئەمەلىيەتچىلىرىدىن بولۇپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش، سەممىي ئەمگەك قىلىش، ئىجادىي ئەمگەك قىلىشقا تايىنىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. ساپانى ئۆستۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمگەك تەربىيەسىنى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا كىرگۈزۈپ، كۆپ قاتلاملىق كەسپىي مائارىپنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخنىك ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش، باھالاش، تەكشۈرۈپ باھالاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار ۋە چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. ياخشى مۇھىت يارىتىپ، پارتىيەنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى قوغداپ، ياخشى راۋاجلاندۇرۇپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق نەتىجىلىرىنى ئورتاق يارىتىش، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە



**سۇزۇك سۇ ئۈستىگە ئۇزۇن كۆۋرۈك سېلىش**

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، قۇرۇلۇشچىلار ئاقسۇ دەرياسى تۆمۈريول ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈكى تۈرى نەق مەيدانىدا قۇرۇلۇش قىلماقتا. قىش كىرگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش خادىملىرى بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى چىڭ تۇتتى. ئاقسۇدىن ئارالغىچە بولغان تۆمۈريولدا بۇ يىل 4 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان بولۇپ، مۆلچەرلىنىشچە كېلەر يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى قۇرۇلۇش پۈتىدىكەن.

□ ۋاڭ جېچېڭ فوتوسى

## شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە قاتناش قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## شەھەر تېز سۈرئەتلىك يولى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى كۈچلۈك قاتناش كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لىپى خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە G216 لىنىيەسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەلىكىدىن ئۆتىدىغان تاشيول بۆلىكى (شەرقىي 2 - ئايلانما) قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى ھەم قاتناش باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ تەييارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شەھەر تېز سۈرئەتلىك يولى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تېز سۈرئەتلىك يول تورىنى زىچ توقۇپ، شەھەر يولى تورىنىڭ تۇتىشىشچانلىقى ۋە يېتىپ بېرىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، تېز سۈرئەتلىك قاتناش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى رەڭدارلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا كۈچ قوشۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى كۈچلۈك قاتناش كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### لى پېڭشىن ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدا مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەردى

## «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئۇل ئەسلىھەلەر ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى

**شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»غا نەزەر**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن، پىراكتىكانت جاڭ بىنبىن

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىگەرچى يېزىسى لۇشۈي كەنتىدىكى 3000 مودىن ئارتۇق ئالمىلىق ۋە ياڭاقلىق ناھىيە يولىنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقاندى. كەنت ئاھالىسى شەمشىقەمەر توختى ئائىلىسى ئۆستۈرگەن بىكتاڭشىن ئالمىلار ئېتىز - ئېرىقلاردىن بىۋاسىتە تۇتاشقان «تۆتتە ياخشى يېزا يولى» ئارقىلىق يېزا - كەنتلەردىن چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىغا سېتىلىدى.

2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 100% يېزا - بازار ۋە شارائىتى ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتلەرنىڭ يوللىرىنى قاتتىقلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «تۆتتە ياخشى يېزا يولى» خۇددى ئالتۇن سىم، كۈمۈش يىپقا ئوخشاش، بىر ئۇچى ئېتىز - ئېرىقلارغا، بىر ئۇچى كەڭ بازارلارغا تۇتىشىپ، يېزا بايلىقىنى جانلاندۇرۇپ، شۇ جايدىكى پۇقرالارنى بېيىتتى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، قاتناش، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ياكى بۇ تۈرلەردە قۇرۇلۇش باشلاندى. تۈرلەرنىڭ بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان قىياپەت بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا تېز ئىلگىرىلىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىدىكى ئەڭ ئېگىز ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈككە لىم ياتقۇزۇش تاماملاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ، ئىختىيارىي مۇخبىر لىن جېڭدۇڭنىڭ جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، كۆۋرۈك سېلىش ماشىنىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېغىرلىقى 134.3 توننا كېلىدىغان بىر T شەكىللىك لىمنى روكيا ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ كۆۋرۈك گۈمبىزىدىكى تىرەككە قويۇپ قۇراشتۇرۇشقا ئەگىشىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)